

# ھاكاۋۇر مەلىكە

www.uyghurkitap.com

# هاكاۋۇر مەلكە

مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىن — 1958

# كىرىش سۆز

بۇرۇنقى زاماندا ئىككى دولەت بولغان ئىكەن. بىرىنىڭ ئېتى «تېچ دولەت»، يەنە بىرىنىڭ ئېتى «زۇلمەت دولەت» ئىكەن.

تېچ دولەت پادىشاسى پاراسەتلىك ژىگىت بولۇپ، ئۆز خەلقىگە ناھايىتى كويۇنىدىكەن، شۇڭا تەۋەسىدىكى خەلقلەر ئەركىن، پاراۋان كۇن كوچۇرۇدىكەن. زۇلمەت دولەت پادىشاسى قېرى ھەم گاللىۋاڭراق كىشى بولۇپ، بەدنىيەت ۋەزىرلىرى نېمە دېسە شۇنى قىلىدىكەن، شۇڭا تەۋەسىدىكى خەلقلەر زۇلمەت ئىچىدە كۇن كوچۇرۇدىكەن.

زۇلمەت دولەت پادىشاسىنىڭ ساھىپجامال بىر قىزى بار ئىكەن. ئەمما، ئۇ قىزنىڭ بىر ئېيىبى ـ ھاكاۋۇر ئىكەن. بىر كۇنى، تېچ دولەت پادىشاسى بۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بەختكە قارشى ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان بۇ مەلىكە كەلگەن ئەلچىلەرنى قۇرۇقلا ياندۇرۇۋېتىپتۇ.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە، تېچ دولەت پادىشاسى بىر باغۋەن سۇرىتىدە ياسىنىپ، تۇيدۇرماي زۇلمەت دولەت پادىشاسىنىڭ ئوردىسىغا كىرىۋېلىپ، ھەرخىل ئاماللار بىلەن ئەمگەك داۋامىدا مەلىكىنى ئۆزگەرتىپ ئاخىرى ئۇ قىزنى ئەپتۇ ھەم زۇلمەت دولەتكىمۇ پادىشا بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا تېچ دولەت دەپ بىر دولەت بار ئىكەن. بۇ دولەتتە مۆلمۆك باغلار، چىرايلىق تاغلار، سۈزۈك دەريالار بولۇپ، ناھايىتى مولچىلىق ئىكەن. خەلقىمۇ ئەركىن، پاراۋان كۈن كەچۈرۈدىكەن.



ياش هەم پاراسەتلىك تېچ دولەت پادشاسى ئۆز
خەلقگە ناهايتى كويۈنىدىكەن، خەلقمۇ پادشانى
ناهايتى ئىززەتلەيدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

كۈنلەرنىڭ بىرى، زۇلمەت دولەت پادشاسى تىچ دولەت پادشاسىنى كۈيۈغۇل قىلىش نىيىتى بىلەن قىزىنىڭ سورىتىنى قوشۇپ، بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ۋەزىرنى ئەۋەتىپتۇ.



ۇنچكا مەلىكىنىڭ سورىتىنى ئىچ دولەت پادىشاسىغا
تەقلىد قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پادىشا گـوزەل مەلىكىنىڭ سورىتىنى بىر كورۇپلا ماقۇل بوپتۇ.



ئەلچى ۋىچكا تېچ دۆلەت پادىشاسىنى تولىمۇ ئىز-
زەتلەپتۇ. ئۇ كېتەر ئالدىدا پادىشاغا: «بۇنداق گوزەل
قىز يەتتى ئىقلىمدىنمۇ تېپىلمايدۇ! شۇغىنىسى ئۇ بەك
ھاكاۋۇر»ــ دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com



ئەلچى كەتكەندىن كېيىن، تېچ دولەت پادىشاسى ئۇستا رەسساملارغا ئوزىنىڭ سورىتىنى سىزدۇرۇپ، زۇلمەت دولەت پادىشاسىنىڭ قىزى مەلىكىگە ئويلۇنۇش ئۇچۇن ئەلچى قىلىپ بىر ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ.



يېرىم ئايدىن كېيىن يېنىپ كېلىپ پادىشاغا: «تەقسىر! مەلىكە ئەدەپسىزلىك قىلدى، ئۆزلىرىنى مالايلىققىمۇ ئالمايمەن دەيدۇ، ئاپارغان سۈرەتلىرىگە قاراپمۇ قويـ مىدى» ــ دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



بۇ گەپلەرنى ئاڭلغان پادشا كوپ ھەسرەت چېكپتۇ، ئاخرى ئوزى بارماقچى بوپتۇ.



پادىشا يولغا چىقىش ئالدىدا، كەلگىچە دولەت ئىشـ
لىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشنى ۋەزىرىگە تاپىلاپ خەت
يېزىپ قالدۇرۇپتۇ.



www.uyghurkitap.com

تېچ دولەت پادىشاسى ئاددى بىر پۇخراچە ياسىنىپ، ئۆز تەۋەسىدىن چىقىپ، زۇلمەت دولىتىنىڭ تەۋەسىگە قاراپ مېڭىپتۇ.



پادىشانىڭ ئالدىدىن بىر كىشى تۇيۇقسىزلا ژۇگرەپ
چىقىپتۇ ۋە تىنچ دولەت تەۋەسىگە ئايىغى تېگە—تەگمەيلا
ئاغزىغا كەلگەن ناخشىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ.



بۇنى پادشا كورۇپ هالـــتاڭ قاپتۇ. سۇرۇشتۇر-
گىدەك بولسا، بۇكىشى زۇلمەت دولەتتە موزدوزلۇق
قىلىدىكەن، پادىشاسى خــەلقلەرنى ناخشا ئېيتقىلى قوي-
ماپتۇ. شۇڭا ئىچى پۇشۇپ تىچ دولەت تەۋەسىگە ئوتۇپ
ناخشا ئېيتىۋالماقچى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى



موزدوز ناخشىسىنى توۇگۇتۇپ پادىشا بىلەن كېتىۋاتـ
سا يېرىم يولدا بىر باجگىر يولـۇقـۇپ قاپتۇ. باجگىر
موزدوزنى غەللە بېرىشكە قىستاپتۇ. بىچارە موزدوزنىڭ
بىر يامغىمۇ يوق ئىكەن. پادىشانىڭ ئىچى ئاغرىپ
موزدوز ئۈچۈن غەللە تولەپ قويۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇزدۇز پادىشاغا رەخمەت ئوقۇپ: «ئولمايمەن، سىلەنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى نېمەم بىلەن ياندۇرارمەن؟» — دەپتۇ. پادىشا: «مۇنداق قىلمايلى، ئۇچىلىرىڭىزدىكى كونا كىيىملىرىنى ماڭا بېرىپ تۇرسىلا!» — دەپتۇ.



پادىشا مـوزدوزنىڭ كىيىمنى كىيىپتۇ ــ دە، زۇلمەت دولىتىنىڭ پايتەختىگە قاراپ راۋان بوپتۇ.



www.uyghurkitap.com

زۇلمەت دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ھەم بوشاڭ ھەم گال-
ۋاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ بەدنىيەت ۋەزىرلىرى بار
ئىكەن، ئۇ، بۇ ۋەزىرلىرىنى ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى
ھېساپلايدىكەن. ۋەزىرلەر پادىشاغا پۇخرالاردىن تو-
پە-توپىلەپ غەللە ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرى-
شىدىكەن، پادىشامۇ ئويلىماي ماقۇل دەۋېرىدىكەن.



بۇ بەدنيەت ۋەزىرلەر غەللە پۇلنى تورتكە ئاير-
رىپ، ئۇچىسى ئۇچ بولۇگىنى ئېلىۋېلىپ، ئاشقىنىنى
پادىشاغا بېرىدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىر كۈنى تىنچ دۆلەت پادىشاسى زۇلمەت دۆلىتىنىڭ
ئوردىسىدىكى باغنىڭ يېنىغا كېلىپ سالاسۇندىن قاراپتۇ.



شۇ چاغدا ساھىپجامال مەلىكە باغدا توپ ئويناپ كېلىۋېتىپ، بىر كىشىنىڭ سالاسۇنلىدىن قاراپ تۇرغانـلىغىنى كۆرۈپ قاپتۇ ــ دە قەستەنگە توپنى كوچىغا تاشلىۋېتىپ تېچ دۆلەت پادىشاسىغا: «توپۇمنى ئەكىپ بەر!» ـ دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



21. تېچ دولەت پادىشاسى: قېنى، نىمە قىلالايسەنكى، دېگەندەك قىلىپ، مىدىرلىمۇ قويماپتۇ.



مەلىكە ئۆمرىگە كېلىپ بويرۇغىنى بىجا كەلتۈرمىگەن كىشىنى كورمىگەن ئىكەن. شۇڭا قەھرى بىلەن: «توپۇمنى ئەكىپ بەرمەي نىمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرۇسەن!»—دەپ ۋاقىراپتۇ. شۇ ئارىدا بىر موماي كېلىپ توپنى پادىشاغا ئۇزۇتۇپ: «مەيلى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولماي تاشلاپ بەرسىلە!»—دەپتۇ.



مەلىكە توپنى ئېلىپ ئاچچىغلانغان پېتى كېتىپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



موماي پادىشانى ئۇيىگە باشلاپ كەپتۇ. بۇ موماي مەلىكىنىڭ ئەمچەك ئانىسى ئىكەن، مەلىكە ماڭغىدەك بولۇۋېلىپىلا مومايىنى قوغلىۋېتىپتۇ. موماي پادىشاغا: «مەلىكە كىچىكىدە خېلى ئاق كۆڭۈل بالا ئىدى. كېيىننىرەك ئۇنى بەدنىيەت ۋەزىرلەر يامان ئۇگۇتۇپ قويغاشقا ھاكاۋۇر لىشىپ كەتتى.» — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

موماي يەنە پادىشاغا: «مەلىكە كىچىك چېغىدا «ئاق كوكۇل بول» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. ئەلۋەتتە ھازىر يەنە ئاڭلىسا ئاۋالقىدەك ئاق كوكۇل بولۇپ قېلىشى ئەجەپ ئەمەس.» — دەپتۇ. پادىشا مومايىنىڭ گېپىگە كىرىپ، مەلىكىگە شۇ ناخشىنى ئېيتىپ باقماقچى بوپتۇ.



شۇ مەخسەتتە پادىشا بىر باغۋەنچە ياسىپ، ئور-دىغا بېرىپ، زۇلمەت دولتىنىڭ پادىشاسى ئالدىغا كىرىپتۇ.



زۇلمەتدۆلىتىنىڭ پادىشاسى بۇ باغۋەننى تونۇغاندەك قىلسىمۇ، ئىشەش قىلالماي يېنىدىكى ۋەزىرلىرىدىن: «بۇنى مەن بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟» — دەپ ئاستا سوراپتۇ، ۋەزىرلىرى: «تەقسىر، سىلى بۇ كىشىنى ھېچ يەردە كۆرمىگەن!» — دەپتۇ. قېرى پادىشا بۇ گەپكە ئىشىنىپ، ئەلچىسى ۋىچكىغا: «باغۋەنگە باغنى كۆرسىتىپ قويۇڭ، ئۈچ — تۆت كۈن ئىشلەپ كۆرسۇن!» — دەپ بۇيرۇپتۇ.



ۋىچكا تىچ دولەت پادشاسىنى بىر كۆرۈشتىلا
تونۇۋاپتۇ ۋە مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شۇندىن باشلاپ تىپچ دۆلەت پادىشاسى ئوردىدا باغۋەن بولۇپ ئىشلەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ، گۈل سۇغۇ-رۇۋاتسا، مەلىكە كېلىپ: «بەتىنگەمنى ئىزمىلاپ قوي!» - دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.



باغۋەن پەرۋا قىلماپتۇ. بۇنى كورگەن مەلىكىنىڭ
ئۇغىسى قايناپ: «كوزۇڭنى ئېچىپ قوي، مەن دېگەن
مەلىكە! باشقا دۆلەتلەرنىڭ پادىشالىرىمۇ بەتتىنگەمنى
ئىزملاشنى ئۇزلىرىگە كەلگەن ئامەت دەپ ھېساپلايـ
دۇ!»ــدەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

باغۋەن پىسەڭ قىلماي: «ئۇلار دېگەن پادىشا، مەن دېگەن باغۋەن.» ــــ دەپتۇ ــــ دە ئىشىغا مېڭىپتۇ.



بىر كۈنى باغۋەن كۆلـگە سۇغا كېتىۋاتسا مەلـ
كىسىمۇ ئەگىشىپ كەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



سۇغا مەلىكە بىلەن پادىشانىڭ سايىسى چۈشۈپتۇ. مەلىكە باغۋەنگە: «كورۈپ قويي، مەن ئۇنداق-مۇنداق مەلىكىلەردىن ئەمەس، بەلكى كېلىشكەن، گوزەل مەلىكىلەردىن بولۇمەن. ھەتتا تېچ دولەت پادىشاسىمۇ بەتىنگەمنى ئىزمىلاشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.»-دەپ ماختىنىپتۇ.



پادشا كارى بولماي سۇينى ئېلپلا ىېكپتۇ. مەلكە يەنە گېپنى يوغۇلۇتۇپ باغۋەنگە: «ئشە نمسەڭ مەيـ لمڭ، نملا دېگنڭ بلەن مەن يەنە شۇ ساهپ جامال مەلكمەن، سەن ماڭا توپۇمنى ئەكپ بېرشڭ، بەتنگەمنى ئزملاپ قويۇشۇڭ شەرت! ماڭا...» ــ دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۇ سوزىنى تۇگۇتە ـ تۇگەتمەيلا كولگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئىلاجسىز لىقتىن: «باغۋەن! سادىغاڭ كېتەي، مېنى چىقىرىپ قويساڭ؟» ـــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ.



مەلىكىنىڭ بىر ئاز يۇمشاپ قالغانلىغىنى كۆرگەن باغۋەن ئۇنى كۆلدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ ۋە بەتىنگىسىنىمۇ ئىزملاپ بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى



بايىقى موماي بولارنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ ۋە باغۋەنىنىڭ چارىسىغا قايىل كەپتۇ. ئۇ، باغۋەنگە: «بالام، بارىكاللا! خۇدا خالىسا مەلىكىنى ئادەم قىلىۋالىسىز.»—دەپتۇ.



موماي باغۋەنگە بىر گىتارنى بېرىپ: «مۇشۇنى چېلىپ تۇرۇپ مەلىكىگە «ئاق كوڭۇل بول» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرىڭ.» — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com



باغدا قالتىس چىرايلىق بىر گۈل ئېچىلىپتۇ، باغۋەن كۈندە شۇ گۈلگە «ئاق كۆڭۈل بول» دېگەن ناخشىنى ئۈگۈتۈپتۇ.



ئەمدى بەدنىيەت ئۈچ ۋەزىرگە كەلسەك، ئۇلار مەلىكىنى كۈن پېتىش دۆلىتىنىڭ لەقۋا ھەم قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان شاھزادىسىگە ياتلىق قىلىپ، كەلگۈسىدە ئۇنى ئۆزلىرىگە قارىتىۋېلىش قەستىگە چۈشۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇلار مەسلىھەتنى پۈتۈشۈپ بولۇپ، باققا كىرىپ مەلىكىگە خۇشامەت قىلىپ: «بىز ئۈچىمىز ئىخلاسمەن ۋەزىرلەردىن، ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ تويلىرى خۇشۇسىدا قايغۇرماقتىمىز. كۈن پېتىش دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى شاھىمىزغا كۈيئوغۇل بولۇشنى خالاپتۇ، بەلكىم يېقىندا سورىتىنى ئېلىپ ئەلچىمۇ كېلىپ قالار.»- دەپتۇ.



بۇنى ئاڭلىغان مەلىكىنىڭ غەزىۋى قايناپ ۋەزىر-
لەرگە: «تولا ۋالاقلاشما! سىلەرنىڭ مېنىڭ ئىشىمغا
ئارىلىشىدىغان ھەققىڭلەر يوق!» — دەپ كايىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۈچ ۋەزىر دەرھال: «پايقىماي دەپ سەپتۇق، كايىمىسىلا، شاھزادىنى لايىق كۆرمىسىلە ئىختىيارلىرى.»— دەپ كېچىرىم سوراپتۇ.



مەلىكىنىڭ بىر يامان ئادىتى—قىل دېگەننى قەستەن قىلمايدىكەن. شۇڭا ئۇ: «خالىسام تېگىمەن، خالىمىسام يوق. شاھزادىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈشكە كۆزۈمۇ يوق. ئەڭ ياخشىسى ئۆزى ئالدىمغا كەلسۇن!»-دەپتۇ.



بىر نەچچە كۈن ئۆتمەي، ئۈچ ۋەزىر كۈن پېتىش دۆلىتىنىڭ شاھزادىسىنى راستىنلا قىچقارتىپ كەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



بەدنىيەتۋەزىرلەر شاھزادىنى پادىشا ۋە مەلىكىنىڭ ئالدىدا ھەدەپ ماختاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



شاھزادە ئۇلارنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ تەلۋىلەرچە
ھەجىيىپ قويۇپتۇ.



دەل شۇ چاغدا تاشقىرىدىن ئاجايىپ مۇڭلۇق ناخـ
شا ئاڭلىنىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان جامائەت ھاڭــتاڭ قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ناخشىنى ئاڭلاپ ۋەزىر لەرنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپتۇ
ۋە:«ناخشا ئېيتقاننى تۇتۇپ كېلىش!»ــــدەپ بويرۇپتۇ.



مەرىكە بېشى باغۋەننى تۇتۇپ كەپتۇ. باغۋەن تۇۋەكتە ئاجايىپ ئېسىل بىر گۈلنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى



ۋەزىرلەر باغۋەندىن: «نېمىشقا ئوزەڭچىلا ناخشا ئېيتىپ ئۇرۇۋېسەن؟» دەپ سوراق قىپتۇ. تېچ دولەت پادىشاسى ھولۇقماي: «سەۋىر قىلسىلا، مەن بۇگۇلگە ناخشا ئوگۇتۇپ قويدۇم، ئېشەنمىسىلە ئاڭلاپ تۇرسىلا!» — دەپلا گۇلنى كوتۇرۇپتىكەن، شۇئان گۇل ئۇرەكنى ئېزىۋەتكىدەك مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.



مەلىكە ئاگلاپ ھەيران قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



مەلىكە باغۋەننىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانـ
لىغىنىمۇ بىلمەيتتۇ. باغۋەن گۈلنى مەلىكىگە ھەدىيە
قىپتۇ.



مەلىكە، كۈن پېتىش شاھزادىسىنىڭ توي ئىشىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، گۈلنى كۆتەرگەن پېتى ئۆز ھوجـ رىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

قېرى پادىشاغا گۈلنىڭ ناخشىسى يېقىپ كېتىپ چاۋاك چېلىۋېتىپتۇ ۋە باغۋەننىڭ ئالدىغا كېلىپ: «سەن گۈللەرگە يەنىمۇ جىقراق ناخشا ئۆگەت، بۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى ئۆگۈتۈپسەن، گۈللەرگە ناخشا ئۆگەتسەڭ چەكلىمەيمەن، ھازىر ئىشىمنى تۈگەتتىم»— دەپتۇ.



بۇنى ئاڭلاپ ۋەزىرلەر دەرھال پادىشانىڭ ئالدىغا ئوتۇپ: «شاھزادىنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟» — دەپتۇ. پادىشا تېخىچە يۇكۇنۇپ ئولتۇرغان شاھزادىنى كورۇپ، مەلىكىنى ئىزدىسە ئاللىقاچان چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قېرى پادىشا بىر ھازاغىچە نىمە قىلارىنى بىلەلمەي ئاخىرى شاھزادىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئۇزلىرى رەنجىمەي، باشقا مەلىكىلەردىن بىرنى تېپىۋالسىلا بولارمىكىن» دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە تەلۋىلەرچە ھىجىيىپ: «بول-مىسا شۇنداق قىلاي» دەپتۇ-دە، كىشىلىرىنى ئەگەش-تۈرۈپ ئۆز دۆلىتىگە راۋان بوپتۇ.



ئەمدى مەلىكىگە كېلەيلى، ئۇ، گۈلنى ئۆيىگە ئەكىرگەندىن تارتىپ گۈل ناخشا ئېيتماس بولۇۋاپتۇ، ئەتىسى قۇرۇپ قاپتۇ. مەلىكە دەرھال باغۋەننى قىچقىرىپ سەۋەبىنى سوراپتۇ. باغۋەن: «بۇ ــ خاسىيەتلىك گۈل، ھاكاۋۇر ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرسا توزۇپ كېتىدۇ.» ــ دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



مەلىكە: «سەن ماڭا ناخشا بىلىدىغان گۈلنى يەنە بىرنى تېپىپ بەر!» — دەپ بۇيرۇپتۇ. باغۋەن: «ھەر ئىش ئاستا — ئاستا، گۈلمۇ ئاستىلاپ ئۆگەنگەن، ئادەم ھەم شۇنداق، سىز ناخشىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئېيتالامسىز؟» — دەپتۇ.



مەلىكە كورەڭلەپ: «ناخشا بىلەن خوشۇم يوق.»—دەپتۇ. باغۋەنمۇ: «ئۇنداق بولسا گۈلنىڭمۇ سىز بىلەن خوشى يوق!»—دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



بىر كۈنى باغۋەن باققا كىرىپ، قەستەن مەلىكىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىكى تاشقا ئولتۇرۇپ «ئاق كۆڭۈل بول» دېگەن ناخشىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ.



بۇ ناخشا مەلىكىگە شۇنچە مۇڭلۇق ئاڭلانسىمۇ، ئېغىز ئاچالماپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مەلىكە خېلى ئويلىنىپ ئاخىرى دېرىزىدىن باغۋەن-
گە: «باغۋەن! ماڭا كېلىپ گىتار چېلىشنى ئۆگىتىپ
قوي!» — دەپ ۋاقىراپتۇ.



شۇندىن تارتىپ باغۋەن مەلىكىگە ھەر كۈنى گىـتار چېلىشنى ئۆگىتىپتۇ. مەلىكە زىرەك بولغاچقا چاپسانلا ئۆگىنىۋاپتۇ ۋە ئىككىسى گىتارغا قوشۇپ تۆۋەندىكى ناخشىنى ئېيتىپتۇ:

قىزىل گۈلۈم، قىزىل گۈلۈم، چاپسانراق ئېچىلغايسەن.
نازۇككىنە بويۇڭ بىلەن، كىشىلەرنى بەنت قىلغايسەن.
كېچە-كۈندۈز خۇش پۇراقنى، يەر يۈزىگە چاچقايسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



بۇ يىقىملىق ناخشا ئۇوردىنىڭ ھەممە يېرىگە ئاڭلىنىپتۇ، قىبرى پادىشامۇ ئىشكىكە كېلىپ داللىدا! ناخشا ئاڭلاپتۇ.



پادىشانىڭ بۇ ناخشىنى ئاڭلىغانسىرى ئاڭلىغۇسى كېلىپ، ئۇيگە كىرىپتۇ ۋە ئۇزىمۇ مەلىكىگە قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

پادىشا ناخشا ئېيتا ـ ئېيتا خىيالغا كېتىپتۇ ۋە ئۆز-ئۆزىگە: «ئەجەبا، مەن... مەن نېمىشقا ناخشىنى چەكلەپ قويغانىمەن؟» ــ دەپتۇ.



پادىشا چىقىپ بۇنى ۋەزىرلەردىن سوراپ كور-
مەكچى بولۇپ، ئىشىكنى «جاق» قىلىپ ئاچقان ئىكەن،
ئىشىك دەل ماراپ ناخشا ئاڭلاۋاتقان ۋەزىرلەرنىڭ
بېشىغا تېگىپ باشلىرىنى قاپارتىپ قويۇپتۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

پادىشا ئۇلاردىن: «نېمىشقا ناخشىنى چەكلەپ قويـغان؟» — دەپتۇ. ئەمما ھېچكىم بىر نېمە دېيالماپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرى: «نېمىشقا بولاتتى؟ تەخسىر، كورمەملا، بىر كىشىنىڭ ناخشىسى ئۈچ كىشىنىڭ بېشىنى ياردى.» — دەپتۇ.



پادىشا قارىسا، دەرۋەقە، ئۇچىسىنىڭ بېشىغا ئۇچ ھۇر-مەك چىقىپتۇ. پادىشا «يامان بوپتۇ» دەپتۇ-دە، دەرھال ناماقۇل بوپتۇ ۋە ئۇلارنى داۋالاتقىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەلىكىگە كەلسەك، ئۇ بىر ئاز ناخشا ئېيتقاندىن كېيىن، بۇ ناخشىنى قانداقتۇ بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلغانلىقىنى باغۋەنگە دەپ بېرىپتۇ. باغۋەنمۇ ئۇتكەندە بىر ئەمچەك ئانىنىڭ بۇ ناخشىنى بىر قىزغا ئوگۇتۇپ قويغانلىقىنى سوزلەپ بېرىپتۇ.



مەلكە باغۋەننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بىر نىملەرنى
يادىغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ھېچ نىمە دېيالماپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



مەلىكە شۇندىن باشلاپ، كۈندە سەھەر تۇرۇپ باغۋەنگە قارىشىدىغان بوپتۇ ۋە باغۋەنگە: «مەن سىزگە قارىشىپ بېرەي، ئىشتىن كېيىن سىز ماڭا ناخشا ئۆگۈتۈپ قويۇڭ.» — دەپتۇ. باغۋەنمۇ خوشال بولۇپ: «ئەلۋەتتە، ئادەم قانچە كوپ بولسا ئىشمۇ باللۇر تۈگەيدۇ.» — دەپتۇ.



باغۋەن كۈندە دېگىدەك مەلىكىگە ئوت ئوتاشنى ۋە گۈل تىكىشنى ئۈگۈتۈپتۇ. كۆڭۈللۈك ئەمگەك بىلەن مەلىكىنىڭ مىجەزىمۇ ئاستىلاپ ئۆزگىرىشكە باشلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شۇنداق قىلىپ، مەلىكىدە بىرىنچى بولۇپ ئىشقى مۇھەببەت پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ.



بىر كۈنى مەلىكە گۈللەرنى سۇغۇرۇپ بولۇپ باغۋەنگە: «قارالڭ، بىز تېرىغان گۈللەر نىمەدىگەن چىرايلىق! مۇندىن كېيىن ئىككىمىز بىللە بولغاندا، مېنى مەلىكە دېمەڭ، مەن بۇندىن كېيىن ھاكاۋۇرلىغىمنى قەتئىي تاشلايمەن!» — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



مەلىكىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقنى تاشلىغانلىغىنى پەقەت ھېكمەتلىك گۈل بىلەن سىناش مۇمكىن ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، باغۋەن بىر غۇنچىنى مەلىكىگە بېرىپ: «سىزنى مۇشۇ ئىكىلدىن سىنايمەن.» — دەپتۇ.



باغۋەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەلىكە يالغۇز گۈل يېنىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. دېگەندەك ھېلىقى غۇنچە مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. مەلىكمۇ ناخشىنى تاك ئاتقىچە ئاڭلاپتۇ.



ئەتىسى قارىغەدەك بولسا غۇنچە بىر چىرايلىق ئېچىلىپتۇ. ناخشا مەلىكىگە شۇنداق تەسىر قىلىپتىكى مەلىكە راستىنلا ھاكاۋۇرلۇقنى تاشلاپتۇ.



مەلىكە خوشاللىغىدا باغۋەنگە! «گۇل قۇرۇپ قالـ
مىدى!» ــــ دەپ ۋاقىراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



مەلىكە باغۋەننىڭ ئويلۇنۇپ قالغانلىقىنى كورۇپ: «مەن ئۇچۇن خوشال بولماي، نىمىشقا كوڭلىڭىزنى يېرىم قىلىسىز؟»—دەپتۇ. باغۋەن: «گۇلگە ناخشا ئوگۇتۇپ قويدۇم، ئەمدى كېتىمەن.» ـ دەپتۇ.



بۇنى ئاڭلاپ مەلىكىنىڭ كۆڭلى يېرىم بوپتۇ ۋە باغۋەنگە: «مەنمۇ بىللە كېتىمەن» — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باغۋەن: «سىز تېچ دۆلەت پادىشاسىنى يارىتىمىغان تۇرسىڭىز، مەندەك ئەسكى چاپان بىلەن كېتىشنى قانداق خالايسىز؟» — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com



مەلىكە قەتئىي ھالدا باغۋەن نەدە بولسا بىللە بولۇشنى ۋە باغۋەننى ياخشى كورۇپ قالغانلىقىنى بىلدۇرۇپتۇ.



شۇ چاغدا، قېرى پادىشابەدنىيەت ۋەزىرلىرى بىلەن باققا كىرىپ قاپتۇ، ۋەزىرلەر بۇ ئەھۋالنى كورۇپ باغۋەننى قوغلىۋەتمەكچى بوپتۇ. مەلىكە دەرھال ئۇلارغا: «باغۋەن مېنىڭ سويگۈنۈم، بۇنىڭغا ھېچ-كىم ئارلاشمىسۇن!» — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باغۋەن ھېچ ئىككىلەنمەي مەلىكىنى سۆيۈپتۇ-دە، ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.



باغۋەن كەتكەندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپتۇ. پادىشا قىزىغا ئېچىنىپتۇ ۋە ئۆزىمۇ باغۋەننى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ قېلىشقا بۇيرۇق بېرەي دەپ تۇرۇشىغا ۋەزىر-لىرى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

شۇ ئارىدا مەلىكە ئوردىدىن قېچىپ چىقىپ باغۋەنگە يېتىشىۋاپتۇ ۋە بۇلار ئىككىسى مەلىكىنىڭ ئەمچەك ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. موماي مەلىكىنىڭ ئاق كۆڭۈل بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خوش بولۇپتۇ ۋە ئۇنى پۇخراچە كىيىندۈرۈپ قويۇپتۇ.



پادىشا ۋەزىرلەر بىلەن باغۋەن ھەققىدە تالاش-
تارتىشلار بىلەن بولۇپ قالغاندا، مەلىكىنىڭ قېچىپ
كەتكەنلىكىنى بىلىپ خاپىلىغىدا ژىغلىۋەتكىلى تاس قاپتۇ
ۋە دەرھال باغۋەننى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم
چىقىرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



مەلىكە بىلەن باغۋەن كېتىپ بارسا، تۇيۇقسىز ئۇدۇلدىن ئۇلارنى ئىستەپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەر چىقىپ قاپتۇ. ئىككىسى دەرھال بىر يارنىڭ ئارقىسىغا موكۇۋاپتۇ.



لەشكەرلەر بىر كۈن كەچكىچە ئىستەپ بۇلارنى تاپالماپتۇ. ياناشىدا بىر مەينى ئەكىلىپ پادىشاغا: «مەلە-كىنى تاپتۇق.» — دەپتۇ. پادىشا خوشاللىغىدىن مەينى ئۆزى ئىچىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



قارىسا مەلىكىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ھېلىقى مو-
ماي ئىكەن. موماي ئۇلارغا: «ھى—ھى—ھى! مېنى بۇ
يەرگە ئېلىپ كېلىپ نېمىمۇ قىلارسىزلەر؟ مەلىكە ئال-
لىقاچان باغۇەن بىلەن قېچىپ كەتتى.» —دەپتۇ.



ۋەزىرلەر غەزەپلىنىپ ھومايىنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قېرى پادىشا موماينغا قاراپ: «بۇنى بىر يەردە كۆر-
گەندەك قىلىمەنغۇ!» — دەپتۇ. ۋەزىرلەر تونۇۋالمىسۇن
دەپ دەرھال پادىشاغا: «سىلى بۇنى كۆرمىگەن.» —
دەپتۇ. پادىشامۇ بۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەندەك قىپتۇ.



مومای زىندانغا سېلىنغاندىن كېيىن، رەھىم دىل ئەلچى ۋىچكا ئۇنىڭغا يوشۇرنۇقچە كىيىم، نان يەت-
كۈزۈپ بېرىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



باغۋەن بىلەن مەلىكە موماينىڭ ياردىمى بىلەن خېلى يەرگە بېرىۋاپتۇ، ئۇلار زۇلمەت دولىتىدىن بېزىپ، تېچ دولەتكە راۋان بوپتۇ.



ئىككىسى يول بويى ئەڭگەكچى خەلقلەرگە ياردەم-
لىشىپ كىرلىرىنى ژۇيۇشۇپ بېرىپتۇ ۋە مال بېقىشىپ
بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



ئىشنى تۈگۈتۈپ دىخانلار بىلەن بىر سورۇندە بولۇپ ئاددى تاماقلار بىلەن غىزالىنىپتۇ. مەلىكىمۇ بۇنىڭدىن قىلچە خورۇگۇللۇك سەزمەپتۇ.



بىر كۈنى ئۇلار ئىشنى تۈگۈتۈپ دىخاننىڭ ئۆيىگە كەلسە دىخان: «ھېلىراق پادىشانىڭ لەشكەرلىرى كەنتىمىزگە كېلىپ: كىم مەلىكىنى تېپىپ بەرسە، 100 تىللا ئالىدۇ، دەپ جاكالاپ كەتتى.» — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



باغۋەن بىلەن مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ شۇ ھامان ماڭماقچى بوپتۇ. بۇلارنى قالدۇرۇپ قىلىشقا كوزى يەتمىگەن دىخان نان ۋە قايماق بېرىپ ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ قويۇپتۇ.



شۇ كۈنى ئۇلار بىر جاڭگالغا كېلىپ بىر كومۇر-
چىگە ياردەملىشىپ بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دەل شۇ چاغدا بۇ يەرگە بىر باجگىر كېلىپ قاپتۇ، ئۇ مەلىكىنى تونۇۋېلىپ: «بەللى! مەلىكىنى تاپتىم! 100 تىللانى مەن ئالىدىغان بولدۇم!» — دەپ ۋاقىراپتۇ.



بۇنى ئاڭلاپ باغۋەننىڭ جۇدۇنى ئورلەپتۇ ۋە دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، باش كوزىگە تازا ئۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



باغۋەن باجگىرنى قويۇۋېتىپ، مەلىكىنى ئېلىپ جاڭگاللغا قېچىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي باجگىر لەشكەرلەرنى باشلاپ قوغلاپ كەپتۇ ۋە ئۇلار مەلىكىنى تۇتۇۋېلىشقا تاس قاپتۇ.



تەلەيگە يارىشا ئوتۇنچىلار ياغاچ چۈشۈرۈدىغان
بىر جىلغا ئۇچراپ قاپتۇ. باغۋەن بىلەن مەلىكە بىر
ياغاچقا مىنىپتۇــدە، پەسكە قاراپ تېيىلىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار تېپىلا، تېپىلا يەنە چۈشۈپ كېتىۋېرىپتۇ. باتۇر بىلەن لەشكەرلەر كوزلىرىنى چەكچەيتىشىپ قاراپلا قاپتۇ.



جىلغىدىن چۈشكەن يەردە ئوستەڭ بار ئىكەن. ئۇلار تېيىلىپ كېلىپ شۇ ئوستەڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇلار مىڭ تەستە ئوستەڭدىن چىقىپ، يەنە يولغا چۈشۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



شۇ كۈنى ماڭا ـ ماڭا بىر تۈگمەنگە كەپتۇ. بۇ يەردە يەنە تۈگمەنچىلەرگە ياردەملىشىپتۇ. ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن كۆپچىلىك بىلەن بىللە كۆڭۈل ئېچىپتۇ ھەم ناخشا ئېيتىشىپتۇ.



لەشكەرلەر ناخشىنى ئاڭلاپ قېلىپ تۈگمەنگە بېسـ
سىپ كىرگەن ئىكەن. باغۋەن بۇلار بىلەن شۇ يەردىلا
جەڭ قىلىشىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تاردىسى



باغۇەن بىر سەكرەپ ئېگىزگە چىقىۋالغان ئىكەن، لەشكەرلەر ئۇنىڭغا تەگ كېلەلمەيتۇ. باغۇەن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يۇەۇلۇتۇپتۇ.



پەستە مەلىكە بىلەن تۇگمەنچىلەر ژىققىلغان لەشكەر-لەرنى ئۇتۇرلۇق تاغاغا سولاپ تۇرۇپتۇ. ئاخىرى ھەممىسى تاغاغا سولۇنۇپ بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تۇگمەنچى ئاغادىكىلەرنى كالتەك بىلەن تازا سەپ-
تۇ. ئاغادىكىلەر «ۋايجان! ۋاييەي!» — دەپ ۋاقىراپتۇ.



باغۋەن بىلەن مەلىكە پەيتتىن پايدىلىنىپ، لەشكەر-
لەرنىڭ ئاتلىرىغا مىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى



ئەملى زۇلمەت دولەتكە كىلەيلى: مە كە قاچقاندىن كېيىنمۇ گۈل يەنە ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ. ۋىچكا ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ تۇرغان ئىكەن.



دەل شۇ چاغدا، قېرى پادىشا قىزىنى ئويلاپ رەڭگى ئۆچكەن ھالدا كىرىپ قاپتۇ. ۋىچكا بۇنى كۆرۈپ دەرھال پەردە كەينىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پادىشا گۈلنىڭ تېخىچە ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى كورۈپ، يېنىدا قىزى بولمىغاشقا كوڭلى تېخىمۇ بۇزۇلۇپتۇ ۋە گۈلدىن: «ھەي ھېكمەتلىك گۈل، ئېيتقىنا، جان—جىگەر قىزىم—مەلىكە نەدە؟»—دەپ سوراپتۇ.



پەردە كەينىدىكى ئۇچكا چاندۇرماي: «ئۇنى زىندانـ
دىكى موماي دىن سورا! ھەممىنى شۇ بىلىدۇ!» ــ دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇ گەپ پادىشاغا خۇددى گۈل دېگەندەك تۇيۇلۇپتۇ، ئۇدەرھال مومايىنى ئەسلەپ: «ھە، راس، مومايدىن! مەن ئۇنى بىر كورۇپلا تونۇغاندەك قىلغانتىم!» ــ دەپتۇ.



پادىشا زىندانغا كىرىپتۇ ۋەمومايغا بىر ئىسكەكنى بېرىپ: «مۇنۇنىڭ بىلەن ئىشىكنى بۇزۇپ قاچ! ئاشكارە قويۇۋەتسەم ۋەزىرلىرىم ئۇنىمايدۇ!»—دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مومای پادىشانىڭ هاماقەتلىگىنى كورۇپ بىر تۇرۇپ ئۇچىنىپتۇ، بىر تۇرۇپ كۈلگىسى كەپتۇ ۋە پادىشاغا: «بەد نىيەت ۋەزىرلەر نىمە دىسە ھە دەۋىرىپ، پۇخرالارغا زۇلۇم سالسىلا ناھەقچىلىق بولۇدۇ.» — دەپ پادىشانى ئىيپلاپتۇ.



موماي يەنە: «ھەممە گۇنا بەدنيەت ئۇچ ۋەزىردە،
شۇلارنى سولاپ قويسلا، خاتىرجەم بولسلا!»ــدەپتۇ.



گەپ تۇگۇمەيلا چىللىغانلەك ۋەزىرلەرمۇ بۇيەرگە كېلىپ قاپتۇ. پادىشا تەمتىرەپ قاپتۇ ۋە مومايغا ئىشارەت قىلىپ، ئۇنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ، پادىشا تەستە ۋەزىرلەرگە: «ئۇنى مەن... قويۇۋەتتىم» ــــ دەپتۇ.



قېرى پادىشا ۋەزىرلەرگە تۇيدۇرماي، زىنداندىن چىقىۋاپتۇــدە ئىشىكنى تاقاپ قويۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتىپى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



شۇنداق قىلىپ، پادىشا بۇ بىر ئوچۇم بەدنىيەتلەرنى
زىندانغا سولاپ قويۇپتۇ.



موماي بۇنى كورۇپ پادشاغا: «شاھىم، ئەمدى مەلىكىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىمەن، ئەمما شەرتىم: ئالدى بىلەن غەللىنى ئازايتىمەن، ناخشىنى چەكلىمەيمەن، پۇخرالارغا ئەركىنلىك بېرىمەن دەپ جاكالايلا؟!» — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



پادىشا بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ ۋە ئوردىسىغا كىلىپ قول ئاستىدىكىلەرگە: «مەن ئۇلۇق زۇلمەت دۆلىتىنىڭ پادىشاسىمەن، مەن شۇنى جاكالايمەن...جاكا...»— دەپلا سوزىنىڭ ئايىغىنى ئېيتالماپتۇ.



سەۋەبى، ئىلگىرى ھەممە ئىشنى ۋەزىرلىرى جاكالاي-
دىكەن، ئەمدى ئۇلار زىنداندا بولغاشقا پادىشا گېپىنىمۇ
ئوگلاپ قىلالماپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

موماي بۇ ئەھۋالنى كورۇپ، ئاچچىغىدا كەتمەكچى بوپتۇ. پادىشا ئىلاجىسىزلىقتىن تەسلىكتە: «مەن...مەن جاكالايمەنكى، غەللە ئازايتىلىدۇ، ناخشا ئېيتىشقا رۇخسەت!» ـ دەپتۇ.



پادىشا ئەمرىنى جاكالاپ بولغاندىن كېيىن موماي:
«غەم قىلمىسىلا، مەلىكىلىرى ئىشەشلىك ئادەمدە.» ـ دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ۋېچكا ئىشنى ئەمدى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق-لىغىنى بىلىپ، بولغان ۋاقەنى پادىشاغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشا خوشال بولۇپ: «ھە! ھېلىقى باغۋەن دېگىنىمىز تېچ دۆلەت پادىشاسى دەڭ؟! ئاشۇ پاغىدىلا تونۇغانىدەك قىلىۋىدىم! چاپسان تېپىپ كېلىڭلار، يەنە ئۇنى لەشكەرلەر باغۋەن دەپ، چېپۋەتمىسۇن!» —دەپ بۇيرۇپتۇ.



. ۋىچكا شۇزامان تەرەپ-تەرەپكە ئادەم چىقىرىپ، خەلققە : باغۇەن بىلەن مەلىكىنى تۇتىمىز، دەپ زور-مەسىلىكنى جاكالاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باغۋەنگە كەلسەك، شۇ كۈنى ئۇلار ئىككىسى ھېكا-
يىمىزنىڭ بېشىدا تېچ دولەن پادىشاسىغا يولۇققان موز-
دوزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ، ئۇلار تالادا تۇرۇپ خېلىغىچە
موزدوزنى قىچقىرىپتۇ. لېكىن ھېچكىم چىقماپتۇ.



باغۋەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. پادىشانىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋالغان موزدوز ئىشىكتىن بىرسىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىپ، تەتۈر قاراپ تۇرۇپ: «مەن سەنلەرگە ئىش ئەكىلىشمە دېگەن ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ سالاپىتىم بىلەن ئانداق مەينەت ئىشنى قىلامەنمۇ؟ يەنە كەلگەن قايسىڭ؟»—دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مـوزدوزنىڭ يـاخشى كىيىمۇ بىلىپلا بىكارچـى بولۇپ قالغانلىغىنى كورگەن باغۋەنىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ موزدوزنى تازا ئۇرۇپتۇ.



پادىشا كىيىمنى سالدۇرۇۋېلىپ، موزدوزنىڭ كىيىمنى تاشلاپ بېرىپتۇ ۋە: «يادىڭدا تۇت، ئۆزەڭنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتما ھەم بىرسىگە بوزەكمۇ بولما!» ـــ دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھويلىدىكى پىشايۋاندا ئولتۇرغان مەلىكە تېچ دولەت تەۋەسگە ئاز قالغانلىغىنى ئويلاپ خوشال بوپتۇ.



شۇ چاغدا، ۋىچكا لەشكەرلەرنى باشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ، ئاتتىن چۈشۈپ مەلىكىگە: «پادىشا ھەزرەتلىرى سىزنى ۋە تېچ دۆلەت پادىشاسىنى مۇبارەكلەپ مېنى ئەۋەتتى.» — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەلكە باغۋەننىڭ تىچ دولەت پادشاسى ئكەنلگنى بلىپ، ھاڭ-تاڭ قاپتۇ .



مەلىكىنىڭ سۆيگىنى پادىشا چىقىپ قاپتۇ. ئۇلار
ئاق ئاتقا مىنگىشىپ ئوردىغا يول ساپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تېچ دولەت پادىشاسى مەلىكىنى ئېلىپ ئوز ئوردىسىغا كېلىشى بىلەن خەلقلەر نەغمە-ناۋالىق مەرىكە ئوتكۈزۈپ ئۇلارنى قارشى ئەپتۇ.



قېرى پادىشا ئۆزىدە ژۇرت سورىغچىلىك قابىلىيەت-
نىڭ يوقلىغىدىن پادىشالىقنى تېچ دولەت پادىشاسىغا
ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇنىدىن باشلاپ تېچ دولەت پادى-
شاسى ھەر ئىككى دولەتكە پادىشا بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شۇندىن باشلاپ زۇلمەت دولەتىنىڭ خەلقىمۇ تىنچ دولەت خەلقىگە ئوخشاشلا ئەركىن، پاراۋان كۈن كوچۈرۈپتۇ.

بۇ كىتاپ «چاۋخۇا سەنئەت نەشرىياتى» تەرىپىدىن 1955 - ژىلى ئىيۇلدا بېيجىندە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.
本書根据朝花美术出版社1955年7月第一版第一次印刷版本譯出

كىتاپ نومىرى 1324(4)289

# ھاكاۋۇر مەلكە

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخسۇت ھېيت.
تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: رېيىمجان.
كاررېكتور: مەخسۇت ھېيت.
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.
ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ
رۇخسەت قەغىزى نومىرى: «ن—047»
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.
جىنخـۇا مەتبەئەسىدە بېسىلدى.
شىنخۇاكىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1958 - ژىلى يانۋاردا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.
1958 - ژىلى يانۋاردا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.
فورمات: 787 × 1092 1/40 م.م ھەجمى: باسماتاۋاق.
تىراژى: 6000 - 1 باھاسى: 27 پۇڭ.
بىرلـەشمە نومېـرى: M 8049 ئۇيغۇرچە 76.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

書號:1324(4)289

**驕傲的公主**

(維吾尔文)

买合苏提翻譯

任运昌校訂

买合苏提校对

民族出版社出版

地址:北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷厂排版

京华胶印厂印刷

新华書店发行

---

1958年1月北京第一版

1958年1月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/40　印張$3\frac{1}{8}$

印數:1—6.000冊　定價:二角七分

統一書号: M8049·維76